# كىمكى مۆمىندىن بىر ئېغىرچىلىقنى كۆتىرىۋەتسە ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىدىن قىيامەتنىڭ ئېغىرچىلىقىدىن بىر ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ، كىمكى بىر كىشىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئاسان قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى قىيىنچىلىقىنى ئاسان قىلىدۇ، كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەيىپىنى ياپىدۇ

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھتىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: كىمكى مۆمىندىن بىر ئېغىرچىلىقنى كۆتىرىۋەتسە ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىدىن قىيامەتنىڭ ئېغىرچىلىقىدىن بىر ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ، كىمكى بىر كىشىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئاسان قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى قىيىنچىلىقىنى ئاسان قىلىدۇ، كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەيىپىنى ياپىدۇ. بىر بەندە قېرىندىشىنىڭ ياردىمىدىلا بولىدىكەن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ياردىمىدە بولىدۇ، كىمكى ئىلىم تەلەپ قىلىش يولىدا بولسا ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە جەننەت يولىنى ئاسان قىلىپ بىرىدۇ، قانداق بىر قەۋىم ئاللاھنىڭ ئۆيلىرىدىن بىرىگە يىغىلىپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ ئۇنى ئۆز-ئارا ئۆگىنىشىدىكەن ئۇلارغا ئاللاھ تائالا خاتىرجەملىكنى چۈشۈرىدۇ، ئۆز رەھمىتىگە ئالىدۇ، مالائىكىلەر ئۇلارنى قورشاپ تۇرىدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ھۇزۇرىدىكىلەرگە ماختاپ تىلغا ئالىدۇ. كىمنىڭكى ئەمەل-ئىبادىتى ئاز بولسا، ئۇ كىشىنى نەسىبى جەننەتكە كىرگۈزەممەيدۇ

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

بۇ ھەدىس شەرىپ بىزگە تۆۋەندىكىلەرنى بىلدۈرىدۇ: كىمكى مۇسۇلماندىن بىر ئېغىرچىلىقنى كۆتىرىۋەتسە ياكى قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغان بىر كىشىنىڭ ئىشىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرسە ياكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپسا ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ تۈرىدىن مۇكاپات بىرىدۇ. بىر كىشى مۇسۇلمان قېرىندىشىغا قىيىن ئىشلاردا ياردەم بەرسە، ئاللاھ تائالا ئۇ بەندىسىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىقتا مۇۋەپپەقىيەت قىلىدۇ، كىمكى ئىلىم تەلەپ قىلىش ئۈچۈن يول يۈرسە، زىكىر-تەسبىھ سورۇنلىرىغا بارسا، ئىلمىگە ئەمەل قىلىدىغان يېتىشكەن ئالىملارنىڭ دەرس سورۇنلىرىغا بىلىم ئېلىش ئۈچۈن بارسا، بۇ ھەقتە مەنىۋى يوللارنىمۇ باسسا، خۇددى مۇزاكىرە قىلىش، قىرائەت قىلىش، تەپەككۇر قىلىش، ۋە پايدىلىق ئىلىملارغا مۇيەسسەر بولغاندا بۇ ھەقتە ئويلىنىشتەك، يەنى بۇ قەدەملەرنى ياخشى نىيەت ۋە ئىخلاس بىلەن باسسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان ئىلمىگە يەتكۈزىدۇ. ئاللاھنىڭ ئۆيلىرىدىن بىر ئۆيگە قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى ئۆز-ئارا ئۆگىنىش ئۈچۈن يىغىلغان كىشىلەرگە ئاللاھ تائالا خاتىرجەملىكنى، كەڭ رەھمىتىنى بىرىدۇ ۋە مالائىكىلەرنىڭ شۇلار بىلەن سورۇنداش بولۇش، ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بۈيۈك ماقامىدا ماختاش شەرىپىنى بىرىدۇ. ئاخىرەتتىكى شەرەپ؛ ئىنساننىڭ ئائىلە كىلىپ چىقىش ۋە نەسىبى بىلەن بولماستىن بەلكى ئەمەل ۋە ئىبادەتلەر بىلەن بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee